سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قايناق - تاشقىنلىق يىللىرى

# 100 يىللىق ئار - نومۇسنى يۇيۇش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11-ئاينىڭ 2-كۈنى تېلېگراممىسى** شياڭگاڭ بىلەن ئاۋمېن ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ زېمىنى، كېيىن ئەنگلىيە ۋە پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن بىر قاتار تەڭسىز شەرتنامىلەر ئارقىلىق زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىنغان. جۇڭگو خەلقى بۇ ئىككى پارچە دۆلەت زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئىزچىل كۈچلۈك ئارزۇ قىلىپ كەلدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخىي يېڭى مەزگىلگە كىرگەندىن كېيىن، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى تاماملاش جۇڭگو خەلقىنىڭ تېخىمۇ تەخىرسىز تەلپىگە ئايلاندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە دېڭ شياۋپىڭ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداشنى چىقىش قىلىپ، تارىخ ۋە رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلۇغ يىراقنى كۆرەرلىك، دانالىق بىلەن «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش» ئىجادىي تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش» تەسەۋۋۇرى ئالدى بىلەن شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىلدى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش» فاڭجېنى بويىچە، جاپالىق دىپلوماتىيە سۆھبىتى ئارقىلىق، شياڭگاڭنى قايتۇرۇۋېلىش مەسىلىسىنى ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلدى. 1984-يىلى 12-ئايدا جۇڭگو-ئەنگلىيە ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى رەسمىي قوشما باياناتنى ئىمزالاپ مۇنداق جاكارلىدى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى 1997-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى شياڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە قارايدىغان شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنى تەسىس قىلىدۇ. شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى يۇكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان جەمئىيەت، ئىقتىساد تۈزۈمى ئۆزگەرمەيدۇ، تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۆزگەرمەيدۇ.

ئوخشاشلا «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش» فاڭجېنى بويىچە، 1987-يىلى 4-ئايدا، جۇڭگو بىلەن پورتۇگالىيە ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئاۋمېن مەسىلىسى توغرىسىدا قوشما باياناتنى ئىمزالاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ 1999-يىلى 12-ئاينىڭ 20-كۈنى ئاۋمېنغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

1997-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى، جۇڭگو خەلقى ئاخىر ئۇزاقتىن بۇيان ئىنتىزار بولغان پەيتنى كۈتۈۋالدى. چاقناپ تۇرغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ۋە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ رايون بايرىقى ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە كۆتۈرۈلدى، 100 يىللىق ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرگەن شياڭگاڭ ئاخىر ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى، جۇڭگو خەلقى ئاخىر شياڭگاڭنىڭ تاجاۋۇز بىلەن بېسىۋېلىنغانلىقىدەك 100 يىللىق دۆلەت ئار - نومۇسنى يۇيدى.

1999-يىلى 12-ئاينىڭ 20-كۈنى جۇڭگو ۋە پورتۇگالىيە ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئاۋمېندا ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىنى ئۆز قەرەلىدە ئۆتكۈزدى. ئاۋمېننىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشى شياڭگاڭ قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلقى ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغۋار ئىشنى تاماملاش يولىدا تىكلىگەن يەنە بىر تارىخىي ئابىدە. شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېننى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىسى.

# زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11-ئاينىڭ 3-كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلىتىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغاندىن بۇيان، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ئىزچىل پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى مەركىزىي ھالقا بولۇپ كەلدى. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىغا قارىتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە ئىگە بولۇش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش، ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى، پاي تۈزۈمى قاتارلىق ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 14-قۇرۇلتىيىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىش ئىسلاھات نىشانى ئايدىڭلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، 1994-يىلدىن باشلاپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 15-قۇرۇلتىيىدا دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، تىرىشىپ 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە كۆپ ساندىكى دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تايانچ كارخانىلاردا دەسلەپكى قەدەمدە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاش، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇ ئارقىلىق دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا كىرىشى ئالغا سىلجىتىلدى. 15-قۇرۇلتايدىن كېيىن، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئىسلاھاتتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

1999-يىلى 9-ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىدا دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى مەسىلىسى يەنىمۇ مەركەزلىك مۇزاكىرە قىلىنىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر بىر قانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللىنىپ، 2010-يىلغىچە بولغان دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ نىشانى بېكىتىلدى.

15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى زور قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىلدى. ئىسلاھاتنىڭ تۈرتكىسىدە، دۆلەت ئىلكىدىكى ھەم دۆلەت پېيىنى كونترول قىلغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى زور دەرىجىدە ئاشتى، 2000-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، 1997-يىلى زىيان تارتقان دۆلەت ئىلكىدىكى ھەم دۆلەت پېيىنى كونترول قىلغان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 6599 كارخانا 70%تىن كۆپرەك ئازايدى؛ دۆلەت ئىلكىدىكى ھەم دۆلەت پېيىنى كونترول قىلغان سانائەت كارخانىلىرى يارىتقان پايدا 239 مىليارد 200 مىليون يۈەن بولۇپ، 1997-يىلدىكى 80 مىليارد 600 مىليون يۈەندىن 1.97 ھەسسە ئاشتى؛ دۆلەت ئىلكىدىكى كىچىك كارخانىلارمۇ 4 مىليارد 810 مىليون يۈەن پايدا يارىتىپ، ئۇدا ئالتە يىل ساپ زىيان تارتىش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بەردى. ئۇزاق مەزگىل قىيىن ئەھۋالدا تۇرغان نۇرغۇن دۆلەت كارخانىسى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، 15-قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆپ ساندىكى دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تايانچ كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىپ ئۈچ يىلدا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى.

گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەدھىيە ناخشىسىنى ياڭرىتىمەن

**□ماناس ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى باقتىجان خاپاس**

شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت بىللە ئولتۇراقلاشقان، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايون بولۇپ، ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ھەرقايسى مىللەتلەر جايلىشىش جەھەتتە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا قوبۇل قىلىدىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا تايىنىدىغان، ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزئارا يېقىن بولغان، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، ئۆزئارا سىڭىشكەن، ھېچكىم ھېچكىمدىن ئايرىلالمايدىغان كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. 1949-يىلى شىنجاڭ تىنچ ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلق ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئورتاق قوغداپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مۇساپىسىنى تېزلىتىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، جان تىكىپ ئېلىشىپ ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق شىنجاڭنى قوغداش، شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى پۈتتى.

مەن ماناس ناھىيەسى چىندىخوزا قازاق يېزىسىدىكى بىر ئاددىي كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دادام يېزا ئىگىلىك بانكىسى چىندىخوزا يېزىلىق تىجارەت ئورنىنىڭ كادىرى بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە خىزمەت قىلىپ كەلگەن. ئۆيىمىزمۇ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايدا بولۇپ، كىچىكىمىزدىن تارتىپ ھەر مىللەت كىچىك دوستلار بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسۈپ يېتىلدۇق، كۆپچىلىك ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتۇق. گەرچە كېيىن ھەرقايسىمىز ئوخشاش بولمىغان خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان بولساقمۇ، لېكىن كىچىكىمىزدە ئورناتقان دوستلۇق ئۈزۈلۈپ قالمىدى، كۆپچىلىك دائىم ئالاقىلىشىپ، بىر يەرگە جەم بولۇپ تۇرىمىز. ھەممىمىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ بىزنىڭ جان تومۇرىمىز ئىكەنلىكىنى، بارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى ئىكەنلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنىڭ ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى چىن قەلبىمىزدىن بىلىمىز.

كىچىكىمدىن تارتىپلا دادام ماڭا كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى، ھازىرقى بەختلىك تۇرمۇشىمىز بولمايتتى، باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ياخشى ۋەزىيىتى تېخىمۇ بولمايتتى، دەپ تەربىيە بېرەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە خىزمەت ئورنۇمنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مەن شىنجاڭدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە ئۆز كۆزۈم بىلەن گۇۋاھ بولدۇم، ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى تولۇپ تاشتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىپ راۋاجلىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى.

پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، پارتىيەگە ئىلگىرىكىدەكلا مۇتلەق سادىق بولۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلايمەن. پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى ۋە سىياسىي قائىدىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان خاتا سۆز - ھەرىكەتلەرگە مەردانىلىك بىلەن رەددىيە بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق سۆزلەرنى كۆپرەك سۆزلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەدھىيە ناخشىسىنى ياڭرىتىمەن.

# ئاڭلىق ھالدا تۈزۈمگە ھۆرمەت قىلىش تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىش تۈزۈمنى قەتئىي قوغداش

(بېشى 1-بەتتە)

جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، تىرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۆرەش قىلىمىز.

## ■ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەردە تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىش

«يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تۈرلۈك نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنىڭ قوللىشى بىلەن، كەنت ئاھالىلىرى ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، ئائىلىلەرگە سۇ، توك يەتكۈزۈلدى، تۇرمۇش سەۋىيەمىز كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئىشەنچىمىز بارغانسېرى كۈچەيدى، بەخت تۇيغۇمىزمۇ بارغانسېرى كۈچەيدى، بىز بۇگۈن قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر دەل جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى نەتىجىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى.» 11-ئاينىڭ 3-كۈنى، گۇما ناھىيەسى مۇجى بازىرى ھاسار كەنتى ئائىلىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى گۈلسۈم ئابباس پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ئىشەنچكە تولدى. ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: كېيىنكى خىزمەتلەردە يەڭنى تۈرۈپ غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ ئاساسىي قاتلامنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، ئاممىنىڭ رازىمەنلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن.

پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، چىڭگىل ناھىيەسى چاغانغول يېزىسى كۆكئۆي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئامانتاي سۇنقارخان ناھايىتى ھاياجانلاندى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مۇشۇ يىللاردىن بۇيان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىز پۇقرالارغا پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئىللىقلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى. كەنتتىكى قوش بىرلەشمە ئائىلە باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، پارتىيەنىڭ سادىسىنى تېخىمۇ ئاكتىپ تارقىتىپ، پارتىيەنىڭ تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملىرىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشقا پائال قاتنىشىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن».

## ■ ئىشەنچنى چىڭىتىپ ئاساسىي قاتلامنى ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش

«يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى تۈزۈمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىجرا قىلىشنىڭ نېرۋا ئۇچى، بىز پارتىيەلىك كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئاڭلىق ھالدا تۈزۈمنى ھۆرمەتلەپ، تۈزۈمنى قەتئىي قوغداپ، پەقەت ئالغا ئىلگىرىلەشكىلا بولىدىغان چېكىنىشكە بولمايدىغان ئاتاكىغا ئۆتۈش روھى بىلەن باشلامچى بولۇپ تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىمىز.» گۇچۇڭ ناھىيەسى بەنجىگۇ بازىرى ياۋزەنزە كەنتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تاڭ پىيكى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ياۋزەنزە كەنتى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش قەتئىي پوزىتسىيەسىنى پۈتۈن كەنتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزىلارنى ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ. كەنت پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ ئاساسىي قاتلامنى ئىدارە قىلىشتىكى يادرولۇق رولىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرى، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاممىنى كەڭ كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ، يېزىلارنى ئىدارە قىلىشقا ئورتاق قاتنىشىشقا پائال سەپەرۋەر قىلىپ، «ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بولىدىغان، ھەممە ئادەم مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، ھەممە ئادەم ئورتاق بەھرىلىنىدىغان» ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

«پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىدا، باللار بېقىلىدىغان بولۇش، ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش، ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش، ياشانغانلار كۈتۈنەلەيدىغان بولۇش، ئۆيسىزلەرنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇش، ئاجىزلارنىڭ يار - يۆلەكى بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت تۈزۈمى سىستېمىسىنى جەزمەن تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق، ئۇللۇق، تولۇق كاپالەتلىك خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە قىلىدۇ.» پەيزاۋات ناھىيەسى ئۆدەكلىك يېزىسى يېڭىمەھەللە كەنتىنىڭ 1-شۇجىسى ليۇ لىچۈن مۇنداق بىلدۈردى: كەنت «ئىككى كومىتېت» بەنزىسى ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، خىزمەت يۆنىلىشى ۋە مۇھىم نۇقتىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، خەلقنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىللاشقان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئىسلاھات - تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن پۈتۈن كەنتتىكى ئاھالىلەرنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپكە ئېرىشتۈرۈشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ.

## ■ جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئىنكاس قايتۇرۇش

پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تۈزۈم سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك».

چەرچەن ناھىيەلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ليۇ جيېۋ مۇنداق دېدى: «ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پۇختا كاپالىتى.» ليۇ جيېۋ مۇنداق دېدى: چەرچەن ناھىيەسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېكولوگىيەنى ئاسراش تۈزۈمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ناھىيەدىكى ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار، ئاممىنى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، ھەممە كىشى تىرىشىپ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تۈزۈم سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ باشلامچىسى، قوغدىغۇچىسى بولۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى سىجىل ياخشىلاش ئارقىلىق چەرچەننىڭ ئاسمىنىنى تېخىمۇ كۆك، دەرەخلىرىنى تېخىمۇ يېشىل، سۈيىنى تېخىمۇ سۈزۈك، شەھىرىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ.

تۇرپان ئۆلكە كۆرسىتىش رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى ئىقتىساد - تەرەققىيات ئىدارىسىنىڭ كادىرى چېن يەن مۇنداق دېدى: «پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ تەسىراتىم: ‹قائىدە بولمىسا ئىش پۈتمەيدۇ› بولدى. مەن تىرىشىپ تۈزۈم ئىجرا قىلىشنىڭ ئۆلگىسىگە ئايلىنىپ، تۈزۈم نوپۇزىنى ئاڭلىق قوغداپ، ‹تۆت ئاڭ›نى كۈچەيتىپ، ‹تۆت ئىشەنچ›نى چىڭىتىپ، ‹ئىككىنى قوغداش›نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى خىزمەت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تۈزۈم ئېڭىمنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى ۋە ئارزۇسىغا ئۈزلۈكسىز ياخشى ئىنكاس قايتۇرۇپ، ‹ئىككى 100 يىل›لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچۈمنى قوشىمەن».

**(مۇخبىرلىرىمىز رايىدە، پەرىزات ئابدۇل، جاڭ تىڭ، گې يوۋجۈن، خەن چىنيەن، دۇ جيەنخۇي، جاڭ رۈيلىن، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ياۋ جۈېن، ليۇ خۇڭمىنلار يازغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1-نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)